# شى جىنپىڭ «پۈتۈن يەر شارى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى كومىتېتى» ئەزالىرى ۋەكىللىرىگە جاۋاب خەت قايتۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»تىكى مۇھىم، زور سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو، چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلىشىنى تېخىمۇ مۇكەممەل تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، يېڭى پۇرسەت، يېڭى مەنزىل ئاچىمىز. سىلەرنىڭ جۇڭگودا يىلتىز تارتىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرغىنىڭلار توغرا تاللاش.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى يۇقىرى دەرىجىدە يۇغۇرۇلغان، ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرىدۇ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. سىلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كارخانىلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

«پۈتۈن يەر شارى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى كومىتېتى» پۈتۈن يەر شارىدىكى ساھەگە يېتەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىگە ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە دۆلەت ھالقىغان 39 شىركەتتىن تەركىب تاپقان. يېقىندا، كومىتېتنىڭ 18 نەپەر باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى رەئىس شى جىنپىڭغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يۇقۇمنىڭ يامىرىشىنى تېز سۈرئەتتە كونترول قىلىپ ھەم باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەرشارى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللاش ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلىدى. ئۇلار، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ «كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش» توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆكۈمى ۋە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى سىياسىتى ۋە ئىرادىسى ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان ئىشەنچى ۋە جۇڭگودا داۋاملىق يىلتىز تارتىش، جۇڭگوغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەدىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى، دەپ قارىدى. ئۇلار يەنە كېيىنكى يۇقۇم دەۋرىدىكى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ھەم جۇڭگو ـ چەت ئەل ھەمكارلىقى توغرىسىدا چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: شەندۇڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شەندۇڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەلەپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەپەسنى بوشىتىپ قۇشنى ئالماشتۇرۇش، سۇمۇرغنى ئوتتا تاۋلاپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلىش ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا پۇختا قەدەم تاشلىدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىختىساسلىقلار، كەسىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلىدىكى، پۈتۈن زەنجىرلىك، پۈتۈن جەريانلىق» ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە بىڭتۇەن 12 ـ شىسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە زورايتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى. شىنجاڭ «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەندۇڭنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇددۇللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، شەندۇڭ خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ.

لىيۇ جيايى سۆزىدە مۇنۇلارنى دېدى: بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشتە بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى، بىڭتۇەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ۋە تەلەپلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى بەختلىك بولۇۋاتقانلىقىنى، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىۋاتقانلىقىنى، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، بۇ بىزنى چوڭقۇر قايىل قىلدى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تەڭداشسىز دانا، توغرا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەندۇڭ ئۆلكىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەندىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەقلىي جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، پائال ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، بىراق ھېلىھەم ياخشىلاشقا، ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن جاي بار. بىز چوقۇم نىشانلىق ياردەم بېرىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىمىزگە ئېلىپ، ھەققىي تۈردە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئۆز دائىرىمىزدىكى ئىش، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت دەپ بىلىپ، ئەسلى مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ياردەم بېرىشنى تۇتۇپ، بۇرچىنى زىممىمىزگە ئېلىپ تەرەققىياتقا ياردەم بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرىمىز. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ئومۇميۈزلۈك كۈچ قوشۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، ئۆستۈرۈپ، «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش، تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كەسىپ ھەمكارلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىمىز. شەندۇڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، قوشماقلىشىپ زىيارەت قىلىش، ئالماشتۇرۇپ ھەمكارلىشىشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى تاۋلاپ يىلتىز تارتقۇزىمىز. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ ياخشى تەجرىبە، ئۇسۇللارنى ۋە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىستىلنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا نامايان قىلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە نامايان قىلىپ، شەندۇڭ، شىنجاڭ خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىمىز.

سۆھبەت يىغىنىدا شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ۋاڭ شۇجيەن شەندۇڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

شەندۇڭ ئۆلكىسى رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ كې، لىيۇ چياڭ، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن لى يىفېي، جاۋ چىڭ، ياۋ شىنمىن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا ئالدىنقى يېرىم يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشەنچ ـ ئىرادىنى چىڭىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، كۈچ يىغىپ، كۈچ توپلاپ، كۈچ ئېلىپ، ئۆزگىرىشنى تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىپ، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر ۋە «13 ـ بەش يىللىق» يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېلاستىكىلىقى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك چارە ـ ئامىللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىستاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامرات ئامما قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، پائال سۇپا ھازىرلاپ، كۆپ يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قوزغىتىش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم ئامىل كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ماسلىشىپ تەڭ ئىلگىرىلىشى، بەس ـ بەستە تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، كىچىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىش، كۈچەيتىش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاپ، كۈچەيتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سانائەتنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، كەسىپ ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىش ۋە ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش كېرەك؛ ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، سىستېما خاراكتېرلىك خەۋپ ـ خەتەر يۈز بەرمەسلىك تۆۋەن چېكىنى ساقلاش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، سېلىنما، ئىستېمال، تاشقى سودا يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىش كېرەك. سېلىنما، ئىستېمال، تاشقى سودىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشى، ئورتاق ئالغا سىلجىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىپ، سېلىنمىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستېمال قىزىق نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىستېمالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سىغىمىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، پورت ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، يېڭى بىر نۆۋەتلىك غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىشتەك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «بىر پورت» «ئىككى رايون» «بەش چوڭ مەركەز» «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىچكى قىسمىغا ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، تۈرلۈك سىياسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. ماكرو سىياسەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، مىكرو سىياسەتنىڭ جانلىق بولۇشى، جەمئىيەت سىياسىتىنىڭ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈشىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ئالاھىدە سىياسەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، سىياسەتلەرنىڭ بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، سالماقنى ئاشۇرۇپ ئاچقۇچلۇق ئىسلاھاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تۈرلۈك چارە ـ ئامىللار ئارقىلىق تۈرلۈك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىش كېرەك.

ئونىنچىدىن، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىنىڭ تىرەك بولۇش، كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك؛ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئادەتتىكى چىقىمنى زور كۈچ بىلەن ئازايتىپ، چەكلىك مەبلەغنى دەل جايىغا، مۇھىم جايىغا ئىشلىتىش كېرەك.

ئون بىرىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ئون ئىككىنچىدىن، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، ئىدىيەدە بوشاڭلىق قىلماسلىق، مېخانىزمنى ئۆزگەرتمەسلىك، خىزمەتنى بوشاشتۇرماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلماجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.